# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي 9

شەنبە

维吾尔文 1 月9日

25301 - سان

بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   تىيانشان تورى: www.ts.cn


## جەڭ دۈمبىقىنى ياڭرىتىپ يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، پاراخوتنى سالماق ھەيدەش

### — كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى نەشردىن چىقىدىغان خەلق گېزىتىدە «جەڭ دۈمبىقىنى ياڭرىتىپ يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، پاراخوتنى سالماق ھەيدەش — كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان» دېگەن تېمىدا ئۇنىۋېرسال بايان ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بولغان 2020 - يىلى چوقۇم تارىخ بېتىگە ئۆچمەس تامغا باسىدۇ.

بۇ بىر يىلدا كەسكىن خىرىس تۇيۇقسىز يۈزبەردى. 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز پارتلاپ، دۇنيا ئىقتىسادى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر چېكىنىشكە پېتىپ قالدى، بەزى دۆلەتلەر تۇسۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# بىڭتۇەن 7 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

## چېن چۇەنگو سۆز قىلدى

### ۋاڭ جۈنجېڭ دوكلات بەردى ھەم سۆز قىلدى   پېڭ جياروۋي قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي، جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي ۋاڭ جۈنجېڭ بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئومۇمىي يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، «پروگرامما (لايىھەسى)» توغرىسىدا ئىزاھات بەردى ھەم سۆز قىلدى. بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىلىڭيۈەن پېڭ جياروۋي يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان بىڭتۇەنىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۇەننىڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىڭتۇەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلدى، مۇھىم يوليورۇق بەردى، بۇ، بىڭتۇەن خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال بولۇپ، يېڭى دەۋردە بىڭتۇەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىڭتۇەن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇن بەلگىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ «14 - بەش يىل»لىق خىزمەتلىرى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىلمىي، ياخشى پىلانلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## تېز ئۆنۈم بېرىدىغان «بۇلۇت لېكسىيەسى» ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى ھەم ئىلھام بەردى

لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈڭ ياۋېن

«كۆپچىلىك ياخشىمۇ سىلەر، مەن كەنتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋۇ سەيشيا، ھازىر كۆپچىلىكتىن يېقىندا لېكسىيەدە سۆزلىنىدىغان باش تېما ھېكايىسىنى توپلايمەن. كۆپچىلىكنىڭ نېمىنى ئاڭلىغۇسى بولسا، نېمىنى چۈشەنگۈسى بولسا، بىز شۇنى سۆزلەيمىز...» 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەندە، جىڭ ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرى ئىجلىن مودۇن كەنتىدىكى پۇقرا تەشۋىقاتچى ۋۇ سەيشيا كەنت ئاھالىلىرى توپىغا ۋېيشىن ئۈچۈرى يوللاپ، يىپ ئۇچى توپلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە جاۋاب قايتۇردى.

«باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەنىدى. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.» «سەيشيا، ئەتراپىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ھېكايىلىرىدىن يەنە بىر نەچچىنى كۆپرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز.» «ۋۇ ئاچا، كەنتىمىزدىكى جاۋ مىڭ ھەققەتەن قالتىس ئىكەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز»...

«بولىدۇ.» ۋۇ سەيشيا بىر تەرەپتىن جاۋاب قايتۇرغاچ، بىر تەرەپتىن كەنت ئاھالىلىرى ئۆز ئالدىغا تاللىغان «دەرس»نى خاتىرىلىۋالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ۋۇ سەيشيا جىڭ ناھىيەسى ھۆكۈمەت تەرەپ ۋېيشىن ئاممىۋى سۇپىسىدا كۆپچىلىكنى توپلانغان

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزدى

## شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۈفېي** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى 2021 - يىللىق 1 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى ھەم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەخسۇس كېڭەشنىڭ ئاپپاراتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ ھەم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

## «تۆت بالدۇر» «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلدۇ: 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش بولدى   سېتىش جانلاندى**

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، گۇاڭجوۋ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يولۇچى ئاپتوموبىلى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىكى سېتىش دۇكانلىرىغا يەتكۈزۈلىدىغان ئاپتوموبىللارنى قاچىلىماقتا. يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈنجى قەدەمنى ياخشى باشلىدى. □ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى تاڭ يۈك فوتوسى

## مۇزدەك كۆل سۈيىدە، ئۇ ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى

### — جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لاچىن بايەكە توغرىسىدا ئەسلىمە (1)

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لىيۇ شياڭ، ۋاڭ جىڭجىڭ

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، لاچىن بايەكە بىلەن بىرلىكتە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇلدۇرغان مۇساجان نۇردۇننىڭ بىر ھەپتە ئىلگىرىلا ئۆزى بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئۆگىنىشتە بىللە بولغان ياخشى ئاكىسىنىڭ مۇشۇنداقلا كېتىپ قالغىنىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

«بالىنى قۇتقۇزايلى! ئاۋۋال بالىنى قۇتقۇزايلى!› بۇ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى.» مۇساجان نۇردۇن بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى: «قىسقىغىنا ئون نەچچە مىنۇت شۇنچىلىك ئۇزاق بىلىندى، بۇ جەرياننى كىشىنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ».

### ئۇ قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىرىنچى بولۇپ كۆلگە قاراپ يۈگۈردى

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قەشقەر داشۆنىڭ شىنچۇەنخۇ كۆلى ئىلگىرىكى تىنچ ھالىتىگە قايتقانىدى. ھالبۇكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىختىيارسىز كۆل يۈزىگە قاراپ قوياتتى ياكى قەدەملىرىنى توختىتىپ، سۈكۈت ئىچىدە قارايتتى.

«ئۇنىڭ سىيماسى ئەزەلدىن يىراقلاپ كەتمىدى.» مۇساجان نۇردۇن كۆل بويىدا تۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتە يۈز بەرگەن ھەممە ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماي ئەكس ئېتەتتى.

قار تۇزغاقتەك لەپىلدەپ يېغىپ، قارا بۇلۇت قاپلاپ تۇرىدىغان، ئۇزاققا سوزۇلغان قىش پەسلىدە، بۇ ناھايىتىمۇ ئادەتتىكىدەكلا بىر كۈن ئىدى.

قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىۋاتقان لاچىن بايەكە مۇساجان نۇردۇن بىلەن ئاشخانىغا تاماق ئالغىلى ماڭغانىدى، شىنچۇەنخۇ كۆلى بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز «بالامنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئىككىسى ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپ، كۆل ئوتتۇرىسىدىكى كاچكۇلدا تىركىشىۋاتقان بىر سايەنى، يېنىدا بىر ئايالنىڭ جىددىي ھالدا قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆچمەس ئابىدە

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

«پامىر بۈركۈتى» دەپ ئاتالغان 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لاچىن بايەكە كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، ئۇنىڭ ھاياتى مەڭگۈ 41 ياشتا توختاپ قالدى. ھاياتى ئارقىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئاتلىنىپ، سەممىي مۇھەببىتى ئارقىلىق ئاۋامنى قوغدىدى، لاچىن بايەكەنىڭ جاسارىتى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ، كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش» دېگەن جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە «خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش»تەك قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسىنى يازدى. «پامىر بۈركۈتى» ئالەمدىن ئۆتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھى پەزىلىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)